جۈملىدىكى « لَوْ سَمَحْتِ » بىلەن « مِنْ فَضْلِكِ » نىڭ مەنىسى ئوخشاش. ھەممىسى بىرەرسىدىن مەلۇم بىر ئىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەن چاغدا قوللىنىپ تەكەللۇپنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەچۈرسىز،رەنجىمەي ... سىڭىز بوپتىكەن،ئېغىر كۆرمەي ... نى قىلالارسىزمۇ؟»دېگەنلەر بىلەن ئوخشاش مەنانى ئىپادىلەيدۇ. پەقەتلا ئالدىدىكىسى ئېغىز تىلىدا بەكرەك ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يەردىكى«مُمْكِنٌ أَنْ» - تەتۈر ئىسىملىق جۈملە بولۇپ، « مُمْكِنٌ » - ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر، « أَنْ »ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملە — كېيىن كەلگەن مۇبتىدا. بىز يەنە« مِنَ مُمْكِنِ » نى ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر قىلىپ كۆپ قوللىنىمىز. مەسىلەن:

هل مُمْكِنٌ أنْ تَحْضُرَ الدَّرْسَ غَدًا؟ (ئەتىگەن دەرسكە قاتنىششىڭ مۇمكىنمۇ؟)

مِنَ الْمُمْكِنِ أنْ يُطَالِعَ الطُّلَّابُ الصُّحُفَ والْمَجَلَّاتِ فِى مَكْتَبَةِ الْكُلِّيَّةِ.

(ئوقۇغۇچىلار فاكولتېت كۇتۇپخانىسىدا گېزىت – ژورناللارنى ئوقۇيالىشى مۇمكىن.)

(7) يُحِبُّ بَعْضُنَا بَعْضًا ويُسَاعِدُ بَعْضُنَا بَعْضًا. (بىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، بىر-بىرىمىزگە ياردەم بېرىمىز.)

جۈملىدىكى « بَعْضُنَا » - پېئىلنىڭ پائىلى، « بَعْضًا » - تولدۇرغۇچىسى. بۇ بىز دائىم ئىشلىتىلىنىدىغان ئىپادىلەش شەكلى. ئۇ ئۆز – ئارا ئورتاق بولغان ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يَحْتَرِمُ بَعْضُنَا بَعْضًا. (بىز بىر- بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيمىز.)

يَزُورُ بَعْضُنَا بَعْضًا. (بىز بىر- بىرىمىزنى يوقلايمىز.)

يُؤَيِّدُ بَعْضُهُم بَعْضًا. (ئۇلار بىر – بىرىنى قوللايدۇ.)

اَلْعِبَارَاتُ الْمُسْتَعْمَلَةُ أَثْنَاءَ الدَّرْسِ :

(دەرس جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر)

| | |
|---|---|
| – قِيَامًا ! | – جُلُوسًا ! |
| – اِفْتَحْ كِتَابَكَ ! | – اِقْرَأْ ! |
| – اِفْتَحِي كِتَابَكِ ! | – اِقْرَئِي ! |
| – اِفْتَحُوا كُتُبَكُمْ ! | – اِقْرَأُوا مَعِي ! |
| – اِقْرَأْ مَرَّةً أُخْرَى ! | – اِقْرَأُوا مَعِي ! |

**اَلتَّدْرِيْبَاتُ الشَّفَوِيَّةُ** (ئېغىزچە مەشقلەر) :

**1- اِقْرَأْ مَا يَلِيْ جَيِّدًا :**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| حَضْرَتُكَ | | حَضْرَتُكُمَا | | حَضْرَتُكُمْ |
| مِنْ فَضْلِكَ | | مِنْ فَضْلِكُمَا | | مِنْ فَضْلِكُنَّ |
| مَرْحَبًا بِكَ | | مَرْحَبًا بِكُمَا | | مَرْحَبًا بِكُمْ |
| شُكْرًا لَكَ | | شُكْرًا لَكُمَا | | شُكْرًا لَكُنَّ |
| عَلَيْهِ | عَلَيْهَا | عَلَيْكَ | عَلَيْكِ | عَلَيَّ |
| عَلَيْهِمَا | عَلَيْهَا | عَلَيْكُمَا | عَلَيْكُمَا | |
| عَلَيْهِمْ | عَلَيْهِنَّ | عَلَيْكُمْ | عَلَيْكُنَّ | عَلَيْنَا |

أَنَا سَعِيْدٌ بِمَعْرِفَتِكَ . أَنَا سَعِيْدَةٌ بِمَعْرِفَتِكِ .

نَحْنُ سَعِيْدَانِ بِمَعْرِفَتِكُمَا .	نَحْنُ سَعِيْدَتَانِ بِمَعْرِفَتِكُمْ .
نَحْنُ سُعَدَاءُ بِمَعْرِفَتِكُنَّ .	نَحْنُ سَعِيْدَاتٌ بِمَعْرِفَتِكُمْ.
اَلْخَبِيْرُ السُّورِيُّ	الأُسْتَاذَةُ الزَّائِرَةُ
اَلزُّمَلاَءُ الأَعِزَّاءُ	اَلأَسَاتِذَةُ الْمُحْتَرِمُونَ

2- **أَجِبْ عَنِ الأَسْئِلَةِ التَّالِيَةِ**(تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.):

- مِنْ أَيْنَ جَاءَ الأُسْتَاذُ خَالِدٌ ؟
- مَاذَا يُدَرِّسُ الأُسْتَاذُ خَالِدٌ ؟
- مَاذَا تُدَرِّسُ الأُسْتَاذَةُ شَادِيَةُ ؟
- مَاذَا تُدِرِّسُ الأُسْتَاذَةُ سُعَادُ ؟
- مِنْ أَيْنَ جَاءَ سَمِيْرٌ ؟
- مِنْ أَيْنَ جَاءَتْ سَمِيْرَةُ ؟
- مَتَى اِلْتَحَقَ الزُّمَلاَءُ بِالْجَامِعَةِ ؟
- كَمْ طَالِبًا فِى الْفَصْلِ ؟ وَكَمْ طَالِبًا مِنْهُمْ وَكُمْ طَالِبَةً مِنْهُمْ ؟
- مَاذَا يُدَرِّسُ الطَّلَبَةُ فِى الْجَامِعَةِ ؟
- كَيْفَ يَدْرُسُ الطَّلَبَةُ فِى الْجَامِعَةِ ؟
- كَيْفَ يَدْرُسُ الطَّلَبَةُ ؟
- هَلْ فَصْلُ الْكَاتِبِ مِثْلُ أُسْرَةٍ كَبِيْرَةٍ سَعِيْدَةٍ ؟ ولِمَاذَا ؟

3- **أَكْمِلِ الْحِوَارَ التَّالِيَةِ بِإِجَابَاتٍ صَحِيْحَةٍ** (تۆۋەندىكى دىئالوگنى توغرا جاۋاب بىلەن تولۇقلاڭ.) :

- اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ !	-
- مَنْ سَعِيدٌ بِمَعْرِفَتِكَ .	-
- أَنَا سَعِيْدٌ بِمَعْرِفَتِكَ .	-
- أَيَّ خِدْمَةٍ مِنِّي ؟	-
- آسِفٌ ، هِيَ لَيْسَتْ مَوْجُودَةً الآنَ .	-
- حَاضِرٌ ، أَقُولُ لَهَا ذَلِكَ	-
- عَفْوًا .	-
- مَعَ السَّلاَمَةِ	-

4 - **مَثِّلِ الْحِوَارَ مَعَ زُمَلاَئِكَ بِالْمَوْقِفِينِ التَّالِيَيْنِ :**

(ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇنۇ ئىككى خىل ھالەتنى ئىپادىلەڭ.)

– تَقَابَلَ صَدِيْقَانِ وَيُقَدِّمُ أَحْدُهُمَا صَدِيْقَةُ للآخَرِ .

– طَلَبَةٌ جُدُدٌ يَتَعَارَفُونَ فِى الْحَفْلَةِ .

**5- وَجِّهْ خَمْسَ أَسْئِلَةٍ حَوْلَ النَّصِّ .**

(تېكىست ھەققىدە بەش سوئال كەلتۈرۈڭ.)

**6- اِقْرأْ نَصَّ الدَّرْسِ جَيِّدًا واحفَظْهُ ثُمَّ سَجِّلْ قِرَائَتِكَ لِلنَّصِّ .**

(دەرس تېكىستنى ياخشى ئوقۇڭ ۋە يادلاڭ ئاندىن تېكىستنى ئوقۇغىنىڭىزنى ئۈنئالغۇغا ئېلىڭ.)

**التَّدْرِيْبَاتُ التَّحْرِيْرِيَّةُ :** (يازما مەشق)

**1- هَاتِ مُؤَنَّثَ كُلِّ اسْمٍ مِنَ الأَسْمَاءِ التَّالِيَةِ :**

(تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاياللىق جىنسىي تۈرىنى كەلتۈرۈڭ.)

| | | | |
|---|---|---|---|
| زَمِيْلٌ م | أُسْتَاذٌ م | سَعِيْدٌ م | خَبِيْرٌ م |
| زَائِرٌ م | مُدَرِّسٌ م | صَدِيْقٌ م | قَدِيْمٌ م |
| عَمِيْدٌ م | عَزِيْزٌ م | مَوْجُودٌ م | مُسْلِمٌ م |
| مُحْتَرِمٌ م | عَزِيْزٌ م | مَوْجُودٌ م | آسِفٌ م |

**2- هَاتِ الْمُثَنَّآ والْجَمْعً لِكُلِّ اِسْمٍ مِنَ الأَسْمَاءِ التَّالِيَةِ :**

(تۆۋەندىكى ئىسىملار ئۈچۈن ھەربىرى ئۈچۈن ئىككىلىك سانى ۋە كۆپلۈك سان شەكلىنى كەلتۈرۈڭ.)

| | | | |
|---|---|---|---|
| لُغَةٌ | كُلِّيَةٌ | زَمِيْلَةٌ | جَامِعَةٌ |
| سَنَةٌ | أُسْرَةٌ | فَصْلٌ | زَائِرَةٌ |
| أُسْتَاذٌ | عَمِيْدٌ | سَعِيْدٌ | خَبِيْرٌ |
| شَهْرٌ | عَزِيْزٌ | بَلَدٌ | مَوْجُودٌ |

**3- صَحِّحِ الأَخْطَاءَ الْوَارِدَةَ فِيْمَا يَلِي :** (تۆۋەندىكىلەردە كەلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىڭ.)

اَلزَّمِيْلُ الْعَزِيْزَةُ        الأُسْتَاذَةُ السُّورِيُّ

الطُّلاَّبُ القَدِيْمُونَ        اَلزَّمِيْلاَتُ الْمُجْتَهِدُونَ

اَلْغُرْفَةُ الْمُرِيْحُ          الأُمُورُ الْمُهِمُّ
اَلْغُرْفَةُ الْمُرِيْحُ          اَلأُمَورُ الْمُهِمُّ
اَلْجَامَعَاتُ الْكَبِيْرَاتُ          الطَّالِبَاتُ السُّعَدَاءُ
اَلْفُرْصَةُ السَّعِيْدُ          اللُّغَاتُ الْجَمِيْلاَتُ

**4- أَكْمِلْ الْجُمَلَ التَّالِيَةَ بِجَارٍّ وَمَجْرُورٍ :**

(مۇنۇ جۈملىلەرنى ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى بىلەن تولۇقلاڭ.)

- أَنَا سَعِيْدٌ ...
- أَنْتَ مَسْرُورٌ ...
- نَحْنُ سُعَدَاءُ ...
- هِيَ طَالِبَةٌ ...
- اَلأُسْتَاذَةُ لَيْسَتْ مَوْجُودَةً ...
- جَاءَ الْخَبِيْرُ عَامِرٌ ...
- اِلْتَحَقَ سَمِيْرٌ ...
- يَجْتَهِدُ الطَّلَبَةُ ...
- يَذْهَبُ الزُّمَلاَءُ ...

**5- أَكْمِلِ الْجُمَلَ التَّالِيَةَ بِمَا يُنَاسِبُهَا :**

(تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغانلىرى بىلەن تولۇقلاڭ.)

- اِسْمَحْ لِيْ أَنْ ...
- اِسْمَحُوا لِيْ أَنْ ...
- أَخِي الْكَبِيْرُ لَيْسَ ...
- هَذِهِ الْجَامِعَةُ لَيْسَتْ ...
- دِرَاسَتُهَا لَيْسَتْ ...
- لَوْ سَمَحْتَ ...
- يُحِبُّ زُمَلاَئِي ...

**6- ضَعْ حَرْفَ جَرٍّ مُنَاسِبٍ فِى كُلِّ فَرَاغٍ مِنَ الْفِرَاغَاتِ التَّالِيَةِ :**

(مۇناسىپ كېلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىنى مۇنۇ بوش ئورۇنلارنىڭ ھەربىرىگە قويۇڭ.)

- أَنَا _____ مِصْرَ ، أَنَا مِصْرِيَّةٌ .
- أَحْمَدُ _____ سُورِيَا، هُو سُورِيٌّ .

- نَحْنُ ______ فَصْلٍ وَاحِدٍ . فَصْلُنَا مِثْلُ أُسْرَةٍ سَعِيْدَةٍ كَبِيْرَةٍ .
- اَلطَّالِبَاتُ يَدْرُسْنَ ______ الْجَامِعَةِ .
- اِلْتَحَقَتْ سَمِيْرَةُ ______ الْجَامِعَةِ قَبْلَ سَنَةٍ .
- نَجْتَهِدُ ______ دِرَاسَةِ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ .
- اِسْمَحْ _____ ي أَنْ أُقَدِّمَ _____ كَ صَدِيْقِي .

7 - **اِمْلأْ كُلَّ فَرَاغٍ مِنَ الْفَرَاغَاتِ التَّالِيَةِ حَسَبَ الْمَطْلُوبِ :**

(تەلەپ قىلغىنى بويىچە مۇنۇ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ.)

| | هُمَا | هُمْ | هِيَ | هُنَّ | أَنْتَ | أَنْتِ | أَنَا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سَمَحَ | | | | | | | |
| دَرَسَ | | | | | | | |
| قَدَّمَ | | | | | | | |
| دَرَّسَ | | | | | | | |
| اِجْتَهَدَ | | | | | | | |

8- ضَعْ سُؤَالاً لِمَا تَحْتَهُ خَطٌّ : (ئاستىدا بىر سىزىق بار سۆزلەرگە سوئال قويۇڭ.)

- اَلأُسْتَاذُ عَزِيْزُ جَاءَ مِنْ سُورِيَا .
- نَدْرُسُ عُلُومًا كَثِيْرَةً فِي الْجَامِعَةِ .
- يَجْتَهِدُ أَحْمَدُ فِي دِرَاسَةِ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةَ .
- اِلْتَحَقَ سَمِيْرٌ بِالْجَامِعَةِ قَبْلَ شَهْرٍ .
- فِي فَصْلِنَا تِسْعَةَ عَشَرَ طَالِبًا

9- شَكِّلِ الْجُمَلَ التَّالِيَةَ : (تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تەلەپپۇز بەلگىسى قويۇڭ.)

- اسمحي لي أَنْ اقدّم لك أصدقائي.
- الأسْتاذ محمّد يدرس
- التحقت فاطمة بالجامعة قبل سنة.
- يحترم بعضنا بعضا ويساعد بعضنا بعضا .
- فصلنا مثل أسرة سعيدة كبيرة .

10- تَرْجِمْ مَايَلِي إِلَى اللُّغَةِ الصِّيْنِيَّةِ : تۆۋەندىكىلەرنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

- أَنَا عَامِرٌ، عَمِيْدُ كُلِّيَةِ اللُّغَاتِ بِجَامِعَةِ بِكِيْنَ .
- قَدْ دَرَسْتُ هَذِهِ اللُّغَةُ خَمْسَ سَنَوَاتٍ.

- اِسْتَقْبَلَتْنِى فَاطِمَةُ عِنْدَ الْجَامِعَةِ صَبَاحَ الْيَوْمِ .
- اَلزُّمَلاَءُ فِى فَصْلِي يُسَاعِدُ بَعْضُهُمْ بَعْضًا فِى الدِّرَاسَةِ .
- تُحِبُّ أُخْتِي الصغِيْرَةُ أَنْ تَدْرُسَ الأَدَبَ الصِّيْنِيَّ ، وتَجْتَهِدُ فِى دِرَاسَةِ .

**11- تَرْجِمْ مَا يَلِى إِلَى الْعَرَبِيَّةِ :**

تۆۋەندىكىلەرنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

1 . سۆز بىرىكمىسى

- بىر مىسىرلىق مۇتەخەسسىس.
- جۇڭگو تىللىرى فاكولتېتىنىڭ فاكولتېت مۇدىرى.
- مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ۋە ساۋاقداشلىرىم.
- سۇرىيەلىك بىر ئوقۇتقۇچى.
- بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى

2. جۈملە

- ئۇستاز خالىد شاڭخەيدىن.
- فاكولتېت مۇدىرى ئىشخانىدا يوق.
- ساۋاقداشلار ئەرەب تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.
- سىز ماڭا دوستلىرىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ.
- مېنىڭ ئائىلەم بەختلىك بىر ئائىلە،ئائىلە كىشىلىرى بىر- بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە بىر- بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.

الخَطُّ : قوليازما

**اَلْمُطَالِعَةُ:** مۇتالىئە قىلىپ ئوقۇش

## مَنْ هَؤُلاَءِ

مَنْ هَؤُلاَءِ؟

هُوَ مُدَرِّسٌ، اِسْمُهُ مَحْمُودٌ. يُدَرِّسُ التَّارِيْخُ الْعَرَبِيَّ فِى الْجَامِعَةِ .

هِيَ مُدَرِّسَةٌ ، اِسْمُهَا عَبْلَةُ، تَدَرِّسُ الْمُحَادِثَةَ فِى الْجَامِعَةِ.

هُمَا مُدَرِّسَانِ مُجِدَّانِ نَشِيْطَانِ .

هُوَ طَالِبٌ، اِسْمُهُ مُحُمَّدٌ. يَدْرُسُ مُحَمَّدٌ فِى كُلِّيَةُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ فِى جَامَعَةِ الدِّرَاسَاتِ الأَجْنَبِيَّةِ بِبَكِيْنَ. هِيَ طَالِبَةٌ، اِسْمُهَا فَاطِمَةُ . جَاءَتْ فَاطِمَةُ مِنْ مَدِيْنَةِ شيآنْ . تَدْرُسُ فَاطِمَةُ فِى كُلِّيَةِ اللُّغَاتِ الأَجْنَبِيَّةِ بِجَامَعَةِ بَكِيْنَ. هُمَا طَالِبَانِ جَدِيْدَانِ يَدْرُسَانِ اللُّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ وآدَابَهَا فِى الْجَامِعَةِ.

هُمْ طُلاَّبٌ جُدُدٌ، يَدْرُسُونَ بِجدٍّ واجتِهَادٍ .

هَؤُلاَء طُلاَّبٌ قُدَمَاءُ، قَدْ دَرَسُوا اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ فِى الْجَامِعَةِ سَنَةً .

أُوْلاَئِكَ طَالِبَاتٌ مُتَفَوِّقَاتٌ، يَدْرُسْنَ اللُّغَةَ الإِنْجلِزِيَّةَ وآدَبَهَا فِى الْجَامِعَةِ .

هُنَّ مُوَظَّفَاتٌ نَشِيطَاتٌ، يَعْمَلْنَ فِى مَكْتَبَةِ الْجَامَعَةِ .

**اَلْكَلِمَاتِ الإِضَافِيَّةُ** :قوشۇمچە سۆزلەر

أَجْنَبِيٌّ م أَجْنَبِيَّةٌ چەت ئەللىك، چەت ئەلچە

بِجِدٍّ وَاجْتِهَادٍ ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىق بىلەن

إِنْجِلِزِيٌّ م إِنْجِزِلِيَّةٌ ئەنگىلىيلىك ، ئىنگىلىزچە

عَمِلَ يَعْمَلُ عَمَلاً ئىشلىدى ، ئەمگەك قىلدى

**اَلتَّدْرِيْبُ عَلَى الاِسْتِمَاعِ**(ئاڭلاش مەشىقى) :

**أَجِبْ عَنِ الأَسْئِلَةِ التَّالِيَةِ ، مُسْتَعِيْنًا بِمَا سَمِعْتَ :**

(ئاڭلىغانلىرىڭىزدىن پايدىلىنىلىپ مۇنۇ سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭ)

- مَنْ هُوَ نَبِيْلٌ ؟
- أَيْنَ يَدْرُسُ نَبِيْلٌ ؟
- مَا اِسْمُ صَدِيْقِهِ ؟
- أَيْنَ يَدْرُسُ صَدِيْقُهُ ؟
- مَاذَا يَدْرُسُ صَدِيْقُهُ ؟
- مِنْ أَيِّ بَلَدٍ جَاءَتِ الأُسْتَاذَةُ زَاهِرَةُ فِى الْجَامِعَةِ ؟
- هَلْ لَهَا خَطِيْبٌ ؟
- مِنْ أَيْنَ جَاءَ خَطِيْبُهَا ؟
- مَاذَا يُدَرِّسُ الأُسْتَاذَةُ زَاهِرَةُ ؟ و؟أَيْنَ يُدَرِّسُ ؟
- كَيْفَ خَطِيْبُ الأُسْتَاذَةِ زَاهِرَةَ ؟

**اَلتَّدْرِيْبَاتِ النَّحْوِيَّةُ :** (گىراماتىكىلىق قائىدىلەر)

12. پېئىللىق جۈملە (الجُمْلَةُ الْفِعْلِيَّةُ)

1)جَاءَ الأَسْتَاذُ سُلَيمَانُ مِنَ السَّعُودِيَّةُ

(ئۇستاز سۇلايمان سەئۇدىدىن كەلدى)

2)عَادَ الطَّلَبَةُ إِلَى بُيُوتِهِمْ

(ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتتى)

3)نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ فى هَذِهِ الجَامِعَةِ

( بىز بۇ ئۇنىۋېرستىتا ئەرەب تىلى ئۆگىنىمىز )

4)نَحْتَرِمُ الأَسَاتِذَةَ

(بىز ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەيمىز)

5)يُحِبُّ بَعْضُنَا بَعْضًا.

(بىز بىر- بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز)

6)تُدَرِّسُنَا الأُسْتَاذَةُ شَادِيَةُ التَّارِيخَ العَرَبِيَّ.
(ئۇستاز شادىيە بىزگە ئەرەب تارىخى دەرسىنى بېرىدۇ.)
7)إِسْمَحْ لِى أَنْ أُقَدِّمَ لَكَ صَدِيقَتِى.
( سىز ماڭا قىز دوستۇمنى سىزگە تونۇشتۇرشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ. )
يۇقۇردىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى پېئىل بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پېئىللىق جۈملىلەردۇر.
پېئىللىق جۈملىلەرنىڭ ئاساسلىق بۆلەكلىرى پېئىل ( الفِعلُ ) ۋە پائىل ( الفَاعِلُ ) دىن ئىبارەت. پائىلنىڭ جۈملىدىكى ئورنى باش كېلىش بولىدۇ. ئومۇمي ئىسىملار پائىل بولغاندا سۆز ئاخىرى دەممەلىك كېلىدۇ. پېئىل پەقەت ئەرلىك جىنسي ياكى ئاياللىق جىنسي تۈر بىرلىك سان شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. پېئىلنىڭ پائىلى كىشىلىك ئالماش بولغاندا، پېئىل يوشۇرۇن پائىلغا ئىگە بولغانلىقى ياكى باش كېلىشتىكى قوشۇلغۇچى كىشىلىك ئالماش پائىل بولغانلىقتىن شەكىل جەھەتتىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى 13- دەرسنىڭ گىراماتكىسىدا سۆزلەپ ئۆتكەن پېئىلنىڭ تۈرلىنىشىدۇر.
پېئىل شەخس، جىنس تۈر، سان، ۋاقىت ھالىتى جەھەتتىن ئۆزگىرىشكە ئىگە. شۇڭا بىر پېئىل شۇ پېئىلنىڭ مەنىسىگە ۋە كىللىك قىلىدۇ ھەم ۋاقىت ھالىتى شەخس، جىنس تۈر ۋە سانغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. خۇددى« نَدْرُسُ » پېئىلىنىڭ « بىز ئۆگىنىۋاتىمىز » دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاش.
دىققەت: 1. پېئىل ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن بولغان پائىلى بىلەن جىسىي تۈردە بىردەك كېلىشى لازىم. ئۇنىڭ پائىلى ئاياللىق جىنس تۈردىكى ئىسىم بولغاندا ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئاياللىق جىنس تۈر ئالامىتى « ت » قوشۇلىدۇ. پېئىلىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ ئالامەتلىرى « ي، ت، أ، ن » دىن ئىبارەت بولۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇپ « أنيت » دېيىلىدۇ. مەسىلەن:
ذَهَبَتْ فَاطِمَةُ إِلَى غُرْفَةِ النَّومِ.
(پاتىمە ياتاققا باردى.)
تَذْهَبُ الطَّالِبَاتُ إلى المَكْتَبَةِ كُلَّ يَومٍ.
(قىز ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى كۈتۈپخانىغا بارىدۇ.)
يَدْرُسُ أَمِينٌ فِى جَامِعَةِ بَكِينَ.
(ئەمىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىدا ئۆگىنىدۇ.)
أَدْرُسُ اللُّغَةَ العَرَبِيَّةَ.
(مەن ئەرەب تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن.)
نُحِبُّ أَسَاتِذَتَنَا.
(بىز ئۇستازلىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز.)
2.پېئىلنىڭ پائىلى ئومۇمي ئىسىم بولغاندا، پېئىلنىڭ پەقەت جىنسي تۈر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلا بولىدۇ. پائىلنىڭ سانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:
حَضَرَ خَالِدٌ (خالىد كەلدى)
حَضَرَ خَالِدٌ وسَمِيرٌ (خالىد ۋە سەمىر كەلدى)
حَضَرَ الطُّلاَّبُ (ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

حَضَرَتْ سُعَادُ (سۇئاد كەلدى)

حَضَرَتْ سُعَادُ وسَوْسَنُ (سۇئاد ۋە سەۋسەن كەلدى)

حَضَرَتِ الْمُوَظَّفَاتُ (ئايال خىزمەتچىلەر كەلدى)

3. پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىل بولۇشى، بىر ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئىككى ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۈچ ئۆتۈملۈك پېئىل بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئۆتۈملۈك پېئىل بولسا، ئۇنىڭ تولدۇرغۇچىسى (اَلْمَفْعُولُ بِهِ) بولىدۇ. تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى چۈشۈم كېلىشتە بولىدۇ.

ئومۇمي ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولغاندا پەتھە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

تُدَرِّسُ الأَسْتَاذَةُ سُعَادُ الْقِرَاءَةَ.

(ئۇستاز سۇئاد ئوقۇش كىتابى دەرسى بېرىدۇ.)

يَدْرُسُ الطَّلَبَةُ اللُّغَةَ الصِّيْنِيَّةَ.

(ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدۇ.)

يُسَاعِدُ الطَّلَبَةُ الْقُدَمَاءُ الطَّلَبَةَ الجُدُدَ.

(كونا ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىدۇ.)

التَّدْرِيبَاتُ النَّحْوِيَّةُ : گىراماتىكىلىق مەشقلەر

1- بَيِّنْ مِمَّا يَلِي الجُمْلَةَ الفِعْلِيَّةَ والجُمْلَةَ الإِسْمِيَّةَ:

(تۆۋەندىكىلەردىن پېئىللىق جۈملە ۋە ئىسىملىق جۈملىنى ئايرىڭ.)

- يَجْلِسُ أَحْمَدْ هُنَاكَ .
- تُحِبُّ فَاطِمَةُ أُخْتَهَا كَثِيْرًا.
- اَلطَّلَبَةُ يَجْتَهِدُونَ فِى دِرَاسَةِ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ .
- فِى حُجْرَةِ الدَّرْسِ طَالِبٌ .
- اَلأُسْتَاذُ هَيْكَلٌ يُدَرِّسُنَا.
- اَلأُسْتَاذُ هَيْكَلٌ يُدرِّسُنَا .
- صَدِيْقُ الأُسْتَاذِ لَيْسَ مَوْجُودًا فِى الْبَيْتِ .
- قُلْتُ لَهُ : تَفَضَّلْ، اِجْلِسْ .
- جِئْتُ إِلَيْكَ لأَمْرٍ مُهِمٍّ .

2- كَوِّنْ خَمْسَ جُمْلَةٍ فِعْلِيَّةٍ.

(بەش پېئىللىق جۈملە تۈزەڭ.)

3- ضَعْ فى كُلِّ فَرَاغٍ تَالٍ صِيْغَةً مُنَاسِبَةً لِمَا بَينَ القَوسَينِ مِنَ الأَفْعَالِ.

(مۇنۇ ھەربىر بوش ئورۇنغا ئىككى تىرناق ئارىسىدىكى پېئىللاردىن مۇناسىپ شەكلىنى قويۇڭ.)

- مِنْ أَيْنَ ____________ صَدِيْقُكَ خَالَدٌ، يَا أَحْمَدُ ؟ ( جَاءَ ) .
- مَتَى ____________ أُخْتُكَ ؟ ( ذَهَبَ ) .

- مَاذَا ___________ يَا أُسْتَاذَةُ ؟ ( دَرَسَ ) .
- هَلْ ___________ أَحْمَدُ وَأَمِيْنٌ فِى هَذِهِ الْجَامِعَةِ ؟ ( دَرَسَ ) .
- هَلْ ___________ سَمِيْرٌ وَأَصْدِقَاؤُهُ فِى الدِّرَاسَةِ ؟ ( اِجْتَهَدَ ) .
- مَتَى ___________ سُعَادُ بِهَذَا الْجَامِعَةِ ؟ ( اِلْتَحَقَ ) .

**4- حَوِّلِ الْجُمَلَ الاِسْمِيَّةَ التَّالِيَةَ إِلَى جُمَلٍ فِعْلِيَّةٍ مَعَ إِدْخَالِ تَغَيُّرَاتٍ لاَزِمَةٍ :**

(مۇنۇ ئىسىملىق جۈملىلەرنى زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر بىلەن پېئىللىق جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭ.)

- دِيْمَةُ جَاءَتْ مِنْ مِصْرَ .
- أَحْمَدُ يَجْتَهِدُ فِى الدِّرَاسَةِ .
- سَمِيْرَةُ تُرِيْدُ أَنْ تَدْرُسَ اللُّغَةَ الإِنْجِلِزِيَّةَ فِى الْجَامِعَةِ .
- خَالِدٌ وَ سَمِيْرٌ ذَهَبَا إِلَى مَكْتَبَةٍ بَكِيْنَ الْجَدِيْدَةِ .
- سُعَادُ وَلَيْلَى اسْتَقْبَلَتَاني عِنْدَ بَاب الْكُلِّيَةِ .
- اَلْمُوَظِّفُونَ يُقَدِّمُونَ خَدَمَاتٍ كَثِيْرَةً.

5 - بَيِّنْ مِنَ الْجُمَلِ التَّالِيَةِ الْفِعْلَ والْفَاعِلَ والْمَفْعُولَ بِهِ :

(مۇنۇ جۈملىلەردىن پېئىل، پائىل ۋە تولدۇرغۇچىنى ئايرىڭ.)

- يَدْرُسُ الطَّلَبَةُ اللُّغَةَ الإِنْجِلِزِيَّةَ بِمُسَاعَدَةِ الأَسَاتِذَةِ .
- يُسَاعِدُ زُمَلاءُ أَحْمَدَ بَعْضُهُمْ بَعْضًا فِى الدِّرَاسَةِ .
- كَيْفَ عَرَفَهُ مُحَمَّدٌ ؟
- أُحِبُّ جَامِعَتَنَا .
- يُدَرِّسُنَا الأُسْتَاذُ الْمُحَادِثَةَ .

اَلدَّرسُ الْخَامِسَ عَشَرَ            **ئون بەشـنچی دەرس**

اَلزِّيَارَةُ            یوقلاش

اَلتَّرْكِيْبَاتُ الْجُمْلِيَّةُ :

تَفَضَّلْ بكَذَا

لاَيَفْعَلُ

شُكْرًا عَلَى

أنَّ

أ... أَمْ ... ؟

اَلْحِوَارُ :

تَفَضَّلْ بالدُّخُول

زِيَارَةُ صَدِيْقَةٍ فِى بَيْتِهِ

اَلنَّصُّ : زِيَارَةُ صَدِيْقٍ فِى بَيْتِهِ

قَوَانيْنُ النُّطْقِ والْقِرَاءَةِ 10. قِرَاءَةُ الْهَمْزَةِ

اَلْقَوَاعِدُ النَّحْوِيَّةُ 13. فِعْلُ الأَمْرِ

**اَلْحِوَارُ :** (دىئالوگ)

## 1 – تَفَضَّلْ بِالدُّخُولِ

نَبِيْلٌ – اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ !

صَالِحٌ – وَعَلَيْكُمُ السَّلاَمُ . تَفَضَّلْ بِالدُّخُولِ، ( 1 ) كَيْفَ الْحَالُ ؟

ن – اَلْحَمْدُ للهِ ، بخَيْر، وَكَيْفَ أَنْتَ ؟

ص – كُلُّ شَيْءٍ عَلَى مَا يُرَامُ. ( 2 ) تَفَضَّلْ، اِجْلِسْ. تَفَضَّلْ اِشْرَبِ الشَّاىَ .

ن – شُكْرًا !

ص – تَفَضَّلْ بالسِّجَارَةِ .

ن – عَفْوًا ، لاَأُدَخِّنُ الآنَ .

## 2- زَيَارَةُ صَدِيْقَةٍ فِى بَيْتِهَا

( تَزُورُ نَجْوَى صَدِيْقَتَهَا فَاطِمَةَ فِى بَيْتِهَا . فَدَقَّتْ بَابَ بَيْتِ فَاطِمَةَ، واستَقْبَلَتْهَا فَاطِمَةُ وأَفْرَادُ أُسْرَتِهَا . )

فَاطِمَةُ – مَرْحَبًا بكِ، يَا نَجْوَى، تَفَضَّلِي .

نَجْوَى – أَنَا مَسْرُورَةٌ بزِيَارَتِكِ وبزِيَارَةِ أَهْلِكِ .

ف – أَهْلاً وسَهْلاً ! اِسْمَحِي لِي أَنْ أُقَدِّمَ لَكِ أَهْلِي . هٰذِهِ أُمِّى الْعَزِيْزَةُ .

ن – أَهْلاً وَسَهْلاً !

اَلأُمُّ – شَرَّفْتُمُونَا ! ( 3 )
ن – اللهُ يُشَرِّفُكُمْ .
ف – وهَذَا أَبِي الْعَزِيْزُ .
ن – أَهْلاً وَسَهْلاً ، أَنَا سَعِيْدَةٌ بِمَعْرِفَتِكُمْ .
اَلأَبُ – مَرْحَبًا بِزِيَارَتِكِ. نَوَّرْتِ الْبَيْتَ .
ن – الله يُنَوِّرُكُمْ .
ف – هَذَا أَخِي الْكَبِيْرُ، وَهُوَ طَبِيْبٌ نَشِيْطٌ . وَهَذِهِ أُخْتِي الصَّغِيْرَةُ ، وَهِيَ تِلْمِيْذَةٌ فِى الْمَدْرَسَةِ .
ن – أَهْلاً وَسَهْلاً !
أَخُو فَاطِمَةَ وأُخْتُهَا – أَهْلاً بِكِ، نَحْنُ مَسْرُورُونَ بِلِقَائِكِ.
ف – تَفَضَّلِي بِالْجُلُوسِ. تَفَضَّلِي بِالشَّاى والْحَلْوَى .
ن – شَكْرًا لَكِ ولأَهْلِكِ عَلَى هَذِهِ الْحَفَاوَةِ .
ف – لاَكُلْفَةُ بَيْنَنَا . ( 4 ) نَحْنُ سُعَدَاءُ بِرُؤْيَتِكِ .

**اَلنَّصُّ :** (تيكىست)

## زَيَارَةُ صَدِيْقٍ فِي بَيْتِهِ

اِنْتَقَلَ مَحْمُودٌ إِلَى بَيْتٍ إِلَى بَيْتٍ جَدِيْدٍ . فَدَعَا حَسَنًا وَمُخْتَارًا إِلَى زِيَارَتِهِ فِي بَيْتِهِ الْجَدِيْدِ. فَذَهَبَا إِلَيْه .

مَحْمُودٌ – أَهْلاً وَسَهْلاً ! تَفَضَّلْ بِالدُّخُولِ . هَذَا بَيْتِي الْجَدِيْدُ .
حَسَنٌ وَمُخْتَارٌ – بَيْتُكَ مُرِيْحٌ جَمِيْلٌ . مَبْرُوكٌ . ( 5 )
م – اللَّهُ يُبَارِكُ فِيكُمْ . هَذِهِ زَوْجَتِي دِيْمَةُ .
دِيْمَةُ – شَرَّفْتُمُونَا !
ح – اللهُ يُشَرِّفُكُمْ . مَتَى اِنْتَقَلْتُمْ إِلَى الْبَيْتِ الْجَدِيْدِ ؟
م – اِنْتَقَلْنَا إِلَيْهِ قَبْلَ شَهْرٍ .
ح – هَذِهِ هِدِيَّةٌ مُتُوَاضِعَةٌ لَكُمْ .
م – يَا سَلاَمُ ! ( 6 ) إِنَّهَا هَدِيَّةٌ جَمِيْلَةٌ . ( 7 ) أَلْفُ شُكْرٍ.
ح – لاَكُلْفَةَ بَيْنَنَا . نَحْنُ أَصْدِقَاءُ .
م – تَفَضَّلاَ، اِجْلِسَا. مَاذَا تُحِبَّان، اَالشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟ ( 8 )
ح – اَلشَّاىَ ، لَو سَمَحْتَ .
م – اَلأَخْضَرَ أَمِ الأَسْوَدَ ؟
ح – اَلأَسْوَدَ مَعَ سُكَّرٍ خَفِيْفٍ .
م – وَأَنْتَ، يَا مُخْتَارُ ؟
مُخْتَار – أَنَا كَذَلِكَ .

فَجَلَسَ مَحْمُودٌ مَعَهُمَا فِي الصَّالَةِ. وَقَدَّمَتْ زَوْجَتُهُ دِيمَةُ لَهُمَا الشَّاىَ وَالْحَلْوَى والفَاكِهَةَ . وَعَمِلَتْ لَهُمَا طَعَامًا لَذِيْذًا. فَأَكَلُوا مَسْرُورِيْنَ . ( 9 )

بَعْدَ سَاعَتَيْنِ اِسْتَأْذَنَ حَسَنٌ وَ مُخْتَارٌ زَمِيْلَهُمَا وزَوجَتَهُ ، فَوَدَّعَهُمَا مَحْمَودٌ عِنْدَ بَابِ بَيْتِهِ ، وَقَالَ لَهُمَا : شَكْرًا عَلَى زَيَارَتِكُمَا، مَعَ السَّلاَمَةِ .

| | |
|---|---|
| الكَلِمَاتُ الجَدِيدَةُ | (يېڭى سۆزلەر) |
| اَلْخَامِسَ عَشَرَ م اَلْخَامِسَةَ عَشَرَةَ | ئون بەشىنچى |
| تَفَضَّلَ يَتَفَضَّلُ تَفَضُّلاً بِ | ...گە مەرھەمەت قىلدى |
| دَخَلَ يَدْخُلُ دُخُولاً | كىردى |
| كُلُّ شَيْءٍ عَلَى مَا يُرَامُ | ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك |
| شَرِبَ يَشْرَبُ شُرْبًا الشَّيْءَ | ئىچتى |
| شَايٌ | چاي |
| سِيجَارَةٌ جـــ سَجَائِرُ | تاماكا، پاپىروس |
| دَخَّنَ يَدَخِّنُ تَدْخِيْنًا | تاماكا چەكتى |
| زَارَ يَزُورُ زِيَارَةً فُلاَنًا أَوْ مَكَانًا | ئىكسكورسىيە قىلدى، زىيارەت قىلدى |
| فَ | ...دە ئارقىنىڭ ( باغلىغۇچى ) |
| أَهلٌ جـــ أَهَال وَأَهْلُونَ | ئائىلە كىشلىرى ئۇرۇق تۇققان |
| أُمٌّ جـــ أُمَّهَاتٌ | ئانا |
| أَبٌ جـــ آبَاءٌ | دادا |
| شَرَّفَ يُشَرِّفُ تَشْرِيْفًا فُلاَنًا | شەرەپكە ئىگە قىلدى،...گەشان ـ شەرەپ |
| اَللّٰهُ | ئاللاھ |
| نَوَّرَ يُنَوِّرُ تَنْوِيْرًا اللهُ مَكَانًا أَوْ فُلاَنًا | نۇرلۇق قىلدى، يورۇق قىلدى |
| تِلْمِيذٌ جـــ تَلاَمِيذُ | ئوقۇغۇچى، شاگىرت |
| مَدْرَسَةٌ جـــ مَدَارِسُ | مەكتەپ، مەدرىس |
| حَلْوَى \ حَلْوَيَاتٌ | تاتلىق يىمەكلىك، قەنت ـ كېزەك |
| شَكَرَ يَشْكُرُ شُكْرًا فُلاَنًا عَلَى كَذَا | رەھمەت ئېيتتى |
| اَلْحَفَاوَةُ | قارشى ئېلش، كۈتۈۋېلىش، ئىلتىپات |
| رَأَى يَرَى رُؤْيَةً الشَّيْءَ | كۆردى |
| اِنْتِقَلَ يَنْتَقِلُ اِنْتِقَالاً إِلَى | يۆتكەلدى، كۆچتى |
| دَعَا يَدْعُو دَعْوَةً فُلاَنًا إِلَى ( لِ ) | تەكلىپ قىلدى |
| مَبْرُوكٌ | مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك |

| | |
|---|---|
| بَارَكَ يُبَارِكُ مُبَارِكَةً اللهُ فِى | بەرىكەت ئاتاقىلدى، بەرىكەتلىك قىلدى |
| زَوْجٌ جـــ أَزْوَاجٌ | جۈپ، ئەر |
| هَدِيَّةٌ جـــ هَدَايَا | سوۋغا، ھەدىيە |
| مُتَوَاضِعٌ م مُتَوَاضِعَةٌ | كەمتەر، ئاددى، ئەرزىمەس |
| إِنَّ | ھەقىقەتەن، چوقۇم (تەكىت قوشۇمچىسى ) |
| أَلْفٌ جـــ آلاَفٌ و أُلُوفٌ | مىڭ |
| قَهْوَةٌ | قەھۋە |
| أَخْضَرُ م خَضْرَاءُ | يېشىل |
| أَسْوَدُ م سَوْدَاءُ | قارا |
| سُكَّرٌ | شېكەر |
| خَفِيْفٌ م خَفِيْفَةٌ | يەڭگىل، يېنىك، ئازغىنە |
| صَالَةٌ جـــ صَالاَتٌ | زال، مېھمانخانا |
| عَمِلَ يَعْمَلُ عَمَلاً الشَّيْءَ | قىلدى |
| بَعْدَ | ... دىن كېيىن |
| اِسْتَأْذَنَ يَسْتَأْذِنُ إِسْتِئْذَانًا فُلاَنًا | رۇخسەت قىلدى |
| وَدَّعَ يُوَدِّعُ تَوْدِيْعًا فُلاَنًا | ئۇزۇتۇپ قويدى، خوشلاشتى |

**اَلْعِبَارَاتُ الْمُفِيْدَةُ :** (جۈملە شەكىللىرى)

**تَفَضَّلْ بِكَذَا :**

- تَفَضَّلْ بالدُّخُولِ .
- تَفَضَّلِي بِالْجُلُوسِ .
- تَفَضَّلْ، ادْخُلْ .
- تَفَضَّلُوا واجْلِسُوا .
- تَفَضَّلاَ، اِشْرَبَا الشَّاىَ .

**لاَيَفْعَلُ :**

- لاَأُدَخِّنُ الآنَ .
- لاَأُحِبُّ الْحَلْوِيَّاتِ .
- لاَتَعْمَلُ دِيْمَةُ فِى الْمَسَاءِ .
- لاَأَذْهَبُ مَعَهُمْ .

**شُكْرًا لَهُ عَلَى كَذَا :**

- شُكْرًا لَهُ عَلَى كَذَا :

- شُكْرًا لَكُمَا عَلَى زِيَارَتِكُمَا .
- شُكْرًا لَكَ عَلَى حُضُورِكَ .
- شكْرًا لَكَ عَلَى مُسَاعِدَتِكَ .

**إِنَّ :**

- إِنَّهَا هَدِيَّةٌ جَمِيْلَةٌ .
- إِنَّهَا هَدِيَّةٌ جَمِيْلَةٌ .
- إِنَّهُ أُسْتَاذٌ كَبِيْرٌ .
- إِنَّنِي أُحِبُّ هٰذِهِ اللُّغَةَ .
- إِنَّهُمْ يَجْتَهِدُونَ فِي الدِّرَاسَةِ .

**أَ ... أَمْ ... :**

- مَاذَا تُحِبَّانِ، أ الشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟
- أَ تُرِيْدُ أَنْ تَدْرُسَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ أَمِ اللُّغَةِ الْفَرَنْسِيَّةَ ؟
- أَ تَزُورُ الأُسْتَاذَ أَمِيْنًا فِي يَوْمِ السَّبْتِ أَمِ الأَحِدِ ؟
- أ أَكَلْتَ الطَّعَامَ أَمْ لاَ ؟

المُلاَحَظَاتُ          ئىزاھاتلار

(1) تَفَضَّلْ بِالدُّخُولِ          (كىرىشكە مەرھەمەت قىلىڭ.)

بۇ يەردىكى « تَفَضَّلْ » (مەرھەمەت قىلىڭ) بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، كەمتەرلىك ۋە تەكەللۇپلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ« من فضلك » بىلەن ئوخشىمايدۇ. كېيىنكى تېكىستىكى «ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت قىلىڭ، چاي ئىچىشكە مەرھەمەت قىلىڭ، قېنى تاماكا چېكىڭ » قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل ئىپادىلەش شەكلى. مەسىلەن:

تَفَضَّلْ بِالدُّخُولِ          ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت

تَفَضَّلْ، إِشْرَبِ الشَّاىَ          قېنى چاي ئىچىڭ

تَفَضَّلْ بالحَلَوِيَّاتِ          قەن ــ گېزەكلەرگە مەرھەمەت قىلىڭ

(2) كُلُّ شَيءٍ عَلَى مَا يُرَامُ          (ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك)

بۇ جۈملە ئەرەبلەرنىڭ ئادەت سۆزى بولۇپ، «ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك، كۆڭۈل رازى بولغۇدەك» دېگەن مەنىدە.

(3)شَرَّفْتُمُونَا          (سىلەر بىزگە شان ــ شەرەپ ئېلىپ كەلدىڭلار.)

بۇ جۈملە ساھىبخان مېھماننى كۈتىۋالغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە، جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى كىشىلىك ئالماش«نا» جۈملىدىكى « شرّف» پېئىلىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە يېزىلىشىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. يەنى ئەسلىدىكى «شَرَّفْتُمْ» - «شَرَّفْتُمُونَا » غا ئۆزگەرگەن. سۆز مەنىسى تەسىرگە ئۈچىرىمىغان. بۇ جۈملىدىكى مەنە ئۇيغۇرچىدىكى «سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار

بىزنى شان – شۆھرىتىمىزنى ئاشۇردى»، «سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار بىزنى خوشاللاندۇردى» بىلەن ئوخشاش. بۇ چاغدا قارشى تەرەپ «اللهُ يُشَرِّفُكُمْ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇ «ئاللاھ سىلەرنى شەرەپلىك قىلسۇن»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەت سۆزى. كېيىنكى تېكىستىكى «نَوَّرْتَ البَيْتَ» دېگەنمۇ ئوخشاش مەنا بولۇپ، جاۋاب قايتۇرغاندا« اللهُ يُنَوِّرُكُمْ» دېيىلىدۇ.

سىز ئەرەپ دۆلەتلىرىگە بارسىڭىز، ساھىبخانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مېھماندوست بولۇپ، قارشى ئېلىش سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىڭىزدىن كەتمەيدۇ.

(4) لاَ كُلْفَةَ بَيْنَنَا (ئارىمىزدا ھېچبىر تەكەللۇپ قىلىش يوق)

بۇ يەردىكى«لا» - جىنسىي ئوقۇمنى ئىنكار قىلغۇچى «لا» (لاَ النَّافِيَّةُ لِلْجِنْسِ) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنى پۈتۈن ئادەم ياكى شەيئىلەر. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سۆز ئاخىرى پەتھە«ـَ» لىك كەلگەن بىرلىك ساندىكى ئىسىم كېلىدۇ. مەسىلەن:

لاَ أَحَدَ فِى حُجْرَةِ الدَّرْسِ.

(دەرىسخانىدا ھېچقانداق بىر كىشى يوق.)

لاَ كِتَابَ عَلَى المَكْتَبِ.

(ئۈستەل ئۈستىدە ھېچقانداق بىر كىتاب يوق.)

(5) مَبْرُوكٌ (مۇبارەك بولسۇن)

بۇ ئەرەبلەر دائىم قوللىنىدىغان ئادەت خارەكتىرلىك ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، ئۇ «مۇبارەك بولسۇن، تەبرىكلەيمەن، قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. يېڭى ئۆي كۆچكەندە، مەنسىپى ئۆسكەندە، ئىشلىرىدا غەلبە قازانغاندا، ئابرويى ئاشقاندا، مۇسابىقىدە غەلبە قازانسا نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولغاندا، توي قىلغاندا ۋە باشقا خوشاللىنارلىق ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ.جاۋاب قايتۇرغاندا «اللهُ يُبَارِكُ فِيكَ» دېيىلىدۇ.

(6) يَا سَلاَمُ! (ۋاي خۇدايىم، يا ئاللاھ)

ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ، ھەيرانلىق، ئۆكۈنۈش، خوشاللىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

يا سَلاَمُ! كَيفَ عَرَفْتَهُ؟ (ۋاي خۇدايىم، ئۇنى قانداق بىلدىڭ؟)

يا سلام!إِنَّهَا بِلاَدٌ عَظِيمَةٌ. (يا ئاللاھ! ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر دۆلەت.)

(7) إنها هَدِيَّةٌ جَمِيلَةٌ (ئۇ ھەقىقەتەن بىر چىرايلىق سوۋغا)

بۇ يەردىكى «إِنَّ»- تەكىد قوشۇمچىسى بولۇپ، «ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن»دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئارقىسىدىن ئىسىملىق جۈملە كېلىدۇ. ئىسىملىق جۈملىنىڭ مۇبتەداسى چۈشۈم كېلىشتە، پەتھەلىك كېلىدۇ. مەسىلەن:

إِنَّهَا مُجْتَهِدَةٌ . (ئۇ ھەقىقەتەن بىر تىرىشچان قىز.)

إِنَّ خَالِدًا طَالِبٌ مُمْتَازٌ. (خالىد ئەلۋەتتە ئىلغار ئوقۇغۇچى.)

إِنِّنِى أُحِبُّهَا. (مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.)

إِنَّ اللُّغَةَ العَرَبِيَّةَ جَمِيْلَةٌ مُفِيدَةٌ. (ئەرەب تىلى ھەقىقەتەن گۈزەل، پايدىلىق بىر تىل.)

(8) مَاذَا تُحِبَّانِ؟ أَالشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ؟ (ئىككىڭلار نېمىنى ياخشى كۆرىسىلەر؟ چايمۇ ياكى

قەھۋەمۇ؟)
ئەرەپلەر دائىم تاتلىق ئۈزۈم، قىزىل چاي ياكى قەھۋە بىلەن مېھماننى كۈتىۋالىدۇ.
ئەرەپلەر ئادەتتە يېشىل چاي ئىچمەيدۇ. قىزىل چايغا دائىم شېكەر قوشىدۇ. مېھماننىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئازايتىدۇ ياكى كۆپەيتىدۇ. قەھۋە يېڭىدىن قاينىتىلغان بولىدۇ. بۇ «ئەرەب قەھۋەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.
بۇ يەردىكى« أ...أم...»- تاللىما سوئال جۈملە بولۇپ، «...مۇ...ياكى...؟» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
مَاذَا تُحِبُّ أنْ تَقْرَأ؟اَلْكُتُبَ الأدَبِيَّةَ أَم التَّارِيْخِيَّةَ؟
(سىز قايسىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىسىز؟ ئەدەبىي كىتاپلارنىمۇ ياكى تارىخ كىتاپلارنىمۇ؟)
مَتَى تَزُورُهُ؟ أَالْيَومَ أَمْ غَدًا؟
(ئۇنى قاچان يوقلايسىز؟ بۈگۈنمۇ ياكى ئەتىمۇ؟)
بۇنىڭدىكى « أ » بولسا ئەرەب تىلىدىكى ئىككى سوئال ئۆلانمىسىنىڭ بىرى. يەنە بىرى « هل » بولۇپ، « أ » نىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ. ئۇنى بولۇشلۇق جۈملىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىشكىمۇ، بولۇشسىز جۈملىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.
بولۇشسىز جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە ئادەتتە قايتۇرما سوراقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
أهُوَ طَالِبٌ؟ (ئۇ ئوقۇغۇچىمۇ؟)
أَلَيسَ مُوَظَّفًا مُجِدًّا؟ (ئۇ تىرىشچان خىزمەتچى ئەمەسمۇ؟)
ألاَ تُرِيدُ أنْ تَذْهَبَ مَعَنَا؟ (سىز بىز بىلەن بېرىشنى خالىمامسىز؟)
(9) وأكَلُوا مَسْرُورِينَ. (ئۇلار خوشال — خورام ھالدا يېيىشتى)
جۈملىدىكى « مَسْرُورِينَ » - تاماق يېگۈچىنىڭ شۇۋاقىتتىكى ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىدىكى ئورنى چۈشۈم كېلىشتە بولىدۇ. سۈپەت — ھالەت بولغاندا ئۇنىڭ جىنس تۈرى، سانى، بايان قىلىنغۇچىنىڭ جىنسي تۈرى، سانى بىلەن بىردەك كېلىدۇ.
مەسىلەن:
يَدْرُسُ مُحَمَّدٌ مُجْتَهِدًا. (مۇھەممەد تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.)
تَدْرُسُ فَاطِمَةُ مُجْتَهِدَةً. (پاتىمە تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.)
يَدْرُسُ هَيكَلٌ وسَمِيرٌ مُجْتَهِدِينَ. (ھەيكەل بىلەن سەمىر تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.)
يَدْرُسُ الطَّلَبَةُ مُجْتَهِدِينَ. (ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.)
قَوَانِينُ النُّطْقِ والْقِرَاءَةِ (تەلەپپۇز ۋە ئوقۇش قائىدىلىرى)
10. قِرَاءَةُ الْهَمْزَةِ
10. ھەمزىنىڭ ئوقۇلۇشى
« الْهَمْزَةُ » نىڭ ئوقۇلۇشى ئىككى خىل: قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە ۋە ئايرىپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە. قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە جۈملىدە قوشۇپ ئوقۇلغاندا ئوقۇلمايدۇ، بىراق جۈملىنىڭ بېشىدا ئوقۇلىدۇ. ئايرىپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە بولسا ئوقۇلۇشى لازىم بولىدۇ. قوشۇپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە تۆۋەندىكىچە ئوقۇلىدۇ:

هَمْزَةُ الْوَصْلِ:

← تَفَضَّلْ وَادْخُلْ تَفَضَّلْ وَدْخُلْ

← تَفَضَّلِي وَاشْرَبِي تَفَضَّلِي وَشْرَبِي

← بِجِدٍّ وَاجْتِهَادٍ بِجِدٍّ وَجْتِهَادٍ

← وَانْتَقَلَ إِلَى بَيْتٍ جَدِيدٍ وَنْتَقَلَ إِلَى بَيتٍ جَدِيدٍ

← فَاسْتَأْذَنَهُ فَسْتَأْذَنَهُ

مَا اسْمُكَ ؟ --- مَاسْمُكَ ؟

اَلِاسْمُ --- أَلِسْمُ

يَوْمُ الاثْنين --- يوم لِثْنَينِ

ئايرىپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە تۆۋەندىكىچە بولىدۇ :

هَمْزَةُ الْفَصْلِ :

أُسْرَةٌ --- اَلأُسْرَةُ

أَهْلٌ --- اَلأَهْلُ

إِسْلاَمٌ --- اَلإِسْلاَمُ

إِقْبَالٌ --- اَلإِقْبَالُ

اَلْعِبَارَاتُ الْمُسْتَعْمَلَةُ أَثْنَاءَ الدَّرْسِ :

(دەرس ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەر)

| | |
|---|---|
| - اِقْرَأِ الدَّرْسَ ! | - اِقْرَئِي الدَّرْسَ ! |
| - اِقْرَأِ الدَّرْسَ مِنْ أَوَّلِهِ ! | - اِقْرَؤُوا الدَّرْسَ ! |
| - اِقْرَأْ بِصَوْتٍ عَالٍ! | |
| - أَعِدْ قِرَاءَتَكَ مِنْ فَضْلِكَ ! | |
| - أَكْمِلْ قِرَاءَتَكَ مِنْ فَضْلِكَ ! | |

اَلتَّدْرِيبَاتُ الشَّفَوِيَّةُ : (ئېغىزچە مەشقلەر)

1- اِقْرَأْ مَا يَلِي مُنْتَبِهًا إِلَى قِرَاءَةِ الْهَمْزَةِ :

تۆۋەندىكىلەرنى ھەمزىسىنىڭ ئوقۇلۇشىغا دىققەت قىلغان ھالدا ئوقۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| اِسْمَحْ | اِسْمَحِي | اِسْمَحُوا |
| اِجْلِسْ | اِجْلِسِي | اِجْلِسُوا |
| أُدْخُلْ | أُدْخُلِي | أُدْخُلُوا |

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِشْرَبْ | اِشْرَبي | اِشْرَبُوا | |
| اِفْتَحْ | اِفْتَحِي | اِفْتَحُوا | |
| اِقْرَأْ | اِقْرَئِي | اِقْرَؤُوا | |
| أُكْتُبْ | أُكْتُبِي | أُكْتُبُوا | |
| كُلْ | كُلِي | كُلُوا | |
| زُرْ | زُورِي | زُورُوا | |
| أَجِبْ | أَجِيْبِي | أَجِيْبُوا | |
| أَعِدْ | أَعِيْدِي | أَعِيْدُوا | |
| تَفَضَّلْ | تَفَضَّلِي | تَفَضَّلُوا | |
| تَفَضَّلْ وادْخُلْ | بجدٍّ واجْتِهَادٍ | يَوْمُ الاِثْنَيْنِ | أَفْرَادُ الأُسْرَةِ |
| تَفَضَّلْ واشْرَبْ | بَعْدَ انْتِقَال | صَالَةُ الإِسْتِقْبَالِ | دِيْنُ الإِسْلاَمِ |
| تَفَضَّلْ واجْلِسْ | ثُمَّ استَأْذَنَهُ | غُرْفَةُ ابْنِهِ | اَلْمَدْرَسَةُ الأَهْلِيَّةُ |
| شَرَّفْتُمُونَا . | نَوَّرْتَ الْبَيْتَ . | مَبْرُوكٌ . | |
| اللهُ يُشَرِّفُكُمْ | اللهُ يُنَوِّرُكُمْ. | اللهُ يُبَارِكُ فِيْكَ . | |

2- أَجِبْ عَنِ الأَسْئِلَةِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

- لَمَاذَا دَهَبَ حَسَنٌ وَمُخْتَارٌ إِلَى بَيْتِ زَمِيْلِهِمَا مُحْمُودٍ.
- مَتَى دَهَبَ حَسَنٌ وَمُخْتَارٌ إِلَى بَيْتِهِ الْجَدِيْدِ ؟
- مَتَى انْتَقَلَ مَحْمُودٌ إِلَى بَيْتِهِ الْجَدِيْدِ ؟
- هَلْ زَارَ حَسَنٌ وَمُخْتَارٌ بَيْتَهُ وَمَعَهُمَا هَدِيَّةٌ ؟
- مَاذَا يُحِبُّ حَسَنٌ وَمُخْتَارٌ أَنْ يَشْرَبَا ؟
- أَيْنَ جَلَسَ مُحْمُودٌ مَعَ حَسَنٍ وَمُخْتَار ؟
- مَاذَا قَدَّمَتْ لَهُمَا زَوْجَةُ مَحْمُودٍ دِيْمَةً ؟
- مَاذَا عَمِلَتْ دِيْمَةُ لَهُمَا ؟
- كَيْفَ أَكَلَ مَحْمُودٌ عِنْدَ تَوْدِيْعِ زَمِيْلِهِمَا ؟
- مَاذَا يَقُولُ الْمُضِيْفُ إِذَا زَارَهُ أَحَدٌ ؟ وَمَاذَا يُجِيْبُ الضَّيْفُ ؟
- مَاذَا نَقُولُ للصَّدِيْقِ إِذَا انْتَقَلَ إِلَى بَيْتٍ جَدِيْدٍ أَوْ نَجَحَ فِى الدِّرَاسَةِ ؟ وَمَاذَا يُجِيْبُ الصَّدِيْقُ ؟

3- أَكْمِلِ الْحِوَارَ التَّالِيَ :

تۆۋەندىكى دىئالوگنى تولدۇرۇڭ.

- أَهْلاً وَسَهْلاً . —
- شَرَّفْتُمُونَا. —
- كَيْفَ حَالُكَ ؟ —
- تَفَضَّلْ، اِجْلِسْ . —
- أ الشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟ —
- هَذَا بَيْتِي الْجَدِيْدُ. — مَبْرُوكٌ ، اِنَّهُ جَمِيْلٌ مُرِيْحٌ .
- — هَذِهِ هُدِيَّةٌ مُتَوَاضِعَةٌ لَكَ .
- — لاَ كُلْفَةَ بَيْنَنَا . نَحْنُ أَصْدِقَاءُ .

4- اِسْأَلْ زَمِيْلَكَ خَمْسَةَ أَسْئِلَةٍ حَوْلَ النَّصِّ مُسْتَعِيْنًا بِ " هَلْ " وخمسة أسئلة ب " أ ... أم ...".
ساۋاقداشلىرىڭىزدىن تېكىست ھەققىدە « هَلْ » نى ئىشلىتىپ بەش سوئال، « أ...أم... » نى ئىشلىتىپ بەش سوئال قويۇڭ.

5- حَوِّلْ أَدْوَرَ النَّصِّ إِلَى " فَاطِمَةَ، لَيْلَى وسُعَادَ " واقْرَأْ النَّصَّ مَعَ إِدْخَالِ التَّغْيِيْراتِ اللاَّزِمَةِ .
تېكىستتىكى رولل‍ارنى « فَاطِمَةَ، لَيْلَى، وسُعَادَ » گە ئۆزگەرتىڭ ۋە زۆرۈر ئۆزگەرتىش بىلەن تېكىستنى ئوقۇڭ.

6 -مَثِّلْ مَعَ زُمَلاَئِكَ الْمَوْقِفَيْنِ التَّالِيَيْنِ :
ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇنۇ ئىككى ھالەتنى ئورۇنلاڭ .

- زَيَارَةُ صَدِيْقٍ فِى بَيْتِهِ الْجَدِيْدِ .
- زَيَارَةُ خَبِيْرٍ عَرَبِيٍّ فِى بَيْتِهِ .

7 -اِقْرَأْ نَصَّ الدَّرْسِ واحْفَظْهُ ثُمَّ سَجِّلْ قِرَاءَتَكَ للنَّصِّ .
دەرسنىڭ تېكىستىنى ئۈنلۈك ئوقۇڭ ۋە يادلاڭ ئاندىن تېكىستنى ئوقۇغۇنىڭىزنى ئۈنئالغۇغا ئېلىڭ.

اَلتَّدْرِيْبَاتُ التَّحْرِيْرِيَّةُ : (يازما مەشقلەر)

1 - هَاتِ مُثَنَّى كلّ اِسمٍ مِنَ الأَسْمَاءِ التَّالِيَةِ فِى حَالاَتِ الرَّفْعَةِ والنَّصْبِ والْجَرِّ :
تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككىلىك سانىنى باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش ۋە

ئىگىلىك كېلىشتە كەلتۈرۈڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| زَمِيْلٌ | صِدِيْقٌ | أُمٌّ | أَبٌ |
| فَرْدٌ | أُخْتٌ | تِلْمِيْذٌ | زَوْجٌ |
| حُجْرَةٌ | غُرْفَةٌ | بَيْتٌ | بَابٌ |
| مَدْرَسَةٌ | صَالَةٌ | سِيْجَارَةٌ | سَاعَةٌ |

2- ضَعْ صِفَةً مُنَاسِبَةً لِكُلٍّ مِنَ الأَسْمَاءِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى ھەربىر ئىسىمغا مۇناسىپ سۈپەت قويۇڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| خَبِيْرٌ | تِلْمِيْذَةٌ | مُدَرِّسَانِ | اَلطَّبِيْبُ |
| شُكْرٌ | اَلصَّالَةُ | صَدِيْقَانِ | جَامِعَتُنَا |
| أَطْعِمَةٌ | زُمَلاَئِي | اَلشَّايُ | اَلْمَدْرَسَةُ |

3- صَرِّفِ الأَفْعَالَ التَّالِيَةَ حَسَبَ الْمَطْلُوبِ :

تۆۋەندىكى پېئىللارنى تەلەپ قىلغىنى بويىچە تۈرلەڭ.

| | هُمَا | هُمْ | هِيَ | أَنْتِ | أَنَا | نَحْنُ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يَدْخُلُ | | | | | | |
| يَشْرَبُ | | | | | | |
| يَأْكُلُ | | | | | | |
| يَعْمَلُ | | | | | | |
| يَنْتَقِلُ | | | | | | |
| يَسْتَأْذِنُ | | | | | | |

4- هَاتِ مَصْدَرًا لِكُلِّ فِعْلٍ مِنَ الأَفْعَالِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى ھەربىر پېئىلنىڭ مەسدىرىنى كەلتۈرۈڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| عَمِلَ – | دَرَسَ – | ذَهَبَ – | شَكَرَ – |
| عَرَفَ – | زَارَ – | جَاءَ – | سَاعَدَ – |
| اِجْتَهَدَ – | اِحْتَرَمَ – | اِسْتَقْبَلَ – | اِسْتَأْذَنَ – |

5- أَكْمِلِ الْجُمَلَ التَّالِيَةَ بِفِعْلٍ مِنَ الأَفْعَالِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مۇناسىپ پېئىل بىلەن تولۇقلاڭ .

( شَكَرَ، شَرِبَ ، أَحَبَّ، اِنْتَقَلَ ، عَمِلَ ، أَكَلَ ، زَارَ )

- صَدِيْقِي مُحْمُودٌ __________ إِلَى بَيْتٍ جَدِيْدٍ .
- مُخْتَارٌ وَحَسَنٌ __________ الآنَ الشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟
- يَا أَحْمَدُ، مَاذَا __________، أ الشَّاىَ أَمِ الْقَهْوَةَ ؟
- __________ فَاطِمَةُ صَدِيْقَتَهَا شَادِيَةَ عَلَى زِيَارَتَهَا فِى بَيْتِهَا .
- __________ مَحْمُودٌ وزُمَلاَؤُهُ الأُسْتَاذَ أَحْمَدَ غَدًا .

6 -رَتِّبِ الْكَلِمَاتِ التَّالِيَّةَ لِكُلِّ مَجْمُوعَةٍ لِتَكُونَ جُمْلَةً مُفِيْدَةً :

مۇنۇ ھەربىر يۇرۇش سۆزلەرنى ئاياقلاشقان بىر جۈملە قىلىپ رەتلەڭ .

- شَيْءٍ -- مَا -- عَلَى -- كُلُّ -- يُرَامُ
- هَذِهِ -- عَلَى -- شُكْرًا -- اَلْحَفَاوَةِ -- لَكَ
- اَلآنَ -- أَخِي -- يَدْرُسُ -- لاَ -- هَذِهِ -- فِي -- اَلْجَامِعَةِ
- عِبَارَةَ -- نَقُولُ -- لاَ -- كُلْفَةَ -- مَتَى -- بَيْنَنَا
- والْحَلْوَى -- زَوْجَتُهُ -- دِيْمَةُ -- قَدَّمَتْ -- الشَّاىَ -- والْفَاكِهَةَ -- لَهُمَا
- فَاطِمَةُ -- اَكَلْنَ -- لَذِيْذَةً -- وَزَمِيْلاَتُهَا -- مَسْرُورَاتٍ

7 -ضَعْ أَسْئِلَةً لِمَا تَحْتَهُ خَطٌّ :

ئاستىدا سىزىق بار سۆزلەرگە سوئال قويۇڭ.

- زَارَ أَيْمَنُ وَنَبِيْلٌ أُسْتَاذَهُمَا فِى بَيْتِهِ الْجَدِيْدِ .
- قَدَّمْتُ لِصَدِيْقَاتِي الْفَوَاكِهَ جَدِيْدٍ قَبْلَ شَهْرٍ .
- اِنْتَقَلَتْ هِنْدَ فِى حَدِيْقَةِ الْجَامِعَةِ .
- يَعْمَلُ الْمُوَظِّفُونَ مُجْتَهِدُونَ نَشِيْطِيْنَ .

8 -صَحِّحِ الأَخْطَاءَ الْوَارِدَةَ فِى الْجُمَلِ التَّالِيَّةِ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خاتالىقلارنى توغرىلاڭ.

- يَذْهَبُ فَاطِمَةُ إِلَى ذَلِكَ الْمَدْرَسَةِ فِى الصَّبَاحِ .
- يَدْرُسُونَ الطُّلاَّبُ فِى الْحُجْرَةِ الدَّرْسِ .
- اَلطَّالِبَاتُ تَسْكُنُ فِى هَذِهِ الأُسْرَتِهَا .
- سَوْسَنُ سَعِيْدٌ بِلِقَاءِ أَفْرَادِ الأُسْرَتِهَا .
- صِحَّةُ مَحْمُودٍ لَيْسَ جَيِّدًا .
- صِحَّةُ مَحْمُودٍ لَيْسَ جَيِّدًا .
- يُرِيْدُ دِيْمَةُ يَزُورُ الْخَبِيْرَةَ السُّورِيَّةَ مَسَاءَ الْيَوْمِ .

9 شَكِّلِ الْجُمَلِ التَّالِيَةَ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تەلەپپۇز بەلگىسى قويۇڭ.

- يُرِيْدُ مُخْتَارٌ أَنْ يَدْرُسَ الْكُومْبِيُوتَرْ فِى الْجَامِعَةِ .
- لاتحب سوسن أن تشرب القهوة .
- ودع مختار زميليه عند باب بيته .
- أشكركم على مجيئكم.
- يذهب محمود إلى المستشفى لزيارة الطبيب.
- تذهب نجوى إلى المدرسة مع صديقاتها العزيزات مسرورة .

10- تَرْجِمْ مَا يَلِي إِلَى اللُّغَةِ الصِّيْنِيَّةِ :

تۆۋەندىكىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

- لاأَعْرِفُ اسْمَهَا وبَيْتَهَا وَعَمَلَهَا .
- أُحِبُّ أَنْ أَشْرَبَ الشَّاىَ الأَسْوَدَ مَعَ سُكَّرٍ خَفِيْفٍ.
- اَلْمُهَنْدِسُ نَبِيْلٌ مُجِدٌّ نَشِيْطٌ يَعْمَلُ كُلَّ يَوْمٍ عَشَرَ سَاعَاتٍ .
- ودَّعْنِي أَبِي عِنْدَ بَابِ الْجَامِعَةِ وَقَالَ لَي : اِجْتَهِدْ فِى الدِّرَاسَةِ .
- اِحْتَرَمِي أَسَاتِذَتَكِ وَزُمَلاَءِكِ ، يَا لَيْلَى .

11- تَرْجِمْ مَا يَلِي إِلَى اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ:

تۆۋەندىكىلەرنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

**1**. سۆز بىرىكمىلىرى

- سۈيۈملۈك ئانا
- بەختلىك ئۇچرىشىش
- مېنىڭ يېڭى خوشنام
- بىر ئاي ئىلگىرى
- ئاددى سوۋغا
- تەملىك تاماق.

**2**. جۈملىلەر

- ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك
- قەھۋە ئىچىشكە مەرھەمەت قىلىڭ
- رەھمەت، مەن ئىچىشنى خالىمايمەن .
- مەھمۇد، كىرىشكە مەرھەمەت قىلىڭ.
- مېنىڭ ئىنىم بۇ مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ.
- سىز ماڭا ئائىلەمدىكىلەرنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ.
- سىز ئۇنى بۇگۈن يوقلاپ بارماقچىمۇ ياكى ئەتىمۇ ؟

اَلْخَطُّ : (قولىيازما)

اَلْمُطَالِعَةُ :　　　　　　　　　　　　　　　　(مۇتالىئە قىلىپ ئوقۇش)

## خَالِدٌ

لِي صَدِيْقٌ، اِسْمُهُ خَالِدٌ .

جَاءَ خَالِدٌ مِنْ مَدِيْنَةِ شِيآنْ . يَدْرُسُ الآنَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ والتَّارِيْخَ الْعَرَبِيَّ فِى جَامِعَةِ بَكِيْنَ .

خَالِدٌ طَالِبٌ نَشِيْطٌ مُجْتَهِدٌ. نَحْنُ صَدِيْقَانِ عِزِيْزَانِ. بَيْتِي فِى الْمَدِيْنَةِ، وَخَالِدٌ يَزُورُنِي دَائِمًا قَبْلَ أَيَّامٍ عَادَ خَالِدٌ إِلَى بَلَدَتِهِ لِزِيَارَةِ أَهْلِهِ .

كَيْفَ حَالُهُ ؟ وَكَيْفَ حَالُ أَهْلِهِ الآنَ ؟

آسِفٌ، لاأَعْرِفُ . مَا عَادَ خَالِدٌ مِنْ بَلَدَتِهِ .

## لَيْلَى

لَيْلَى طَالِبَةٌ جَدِيْدَةٌ، اِلْتَحَقَتْ بِالْجَامِعَةِ قَبْلَ شَهْرَيْنِ .

لَيْلَى طَالِبَةٌ مُجْتَهِدَةٌ، تَدْرُسُ الآنَ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ وآدَبَهَا فِى الْجَامِعَةِ . تَحْضُرُ الدَّرْسَ كُلَّ يَوْمٍ .

أَبُوهَا مُهَنْدِسٌ، يَعْمَلُ فى مَكْتَبِ الْبَرِيْدِ قُرْبَ جَامِعَتِهَا .

وأُمُّهَا لاتَعْمَلُ ، هِيَ تَبْقَى فِى الْبَيْتِ الآنَ، لأَنَّ صِحَّتَهَا لَيْسَتْ جَيِّدَةً.

لَيْلَى بِنْتٌ مُهَذَّبَةٌ، تَحْتَرِمُ أَسَاتِذَتَهَا وَزُمَلاَءَهَا، فَيُحِبُّونَهَا كَثِيْرًا. إِنَّهَا صَدِيْقَتِي الْعَزِيْزَةُ، وَأَنَا سَعِيْدَةٌ بِهَا .

| | |
|---|---|
| الكَلِمَاتُ الإِضَافِيَّةُ : | (قوشۇمچە سۆزلۈكلەر) |
| مَدِينَةٌ ج مُدُنٌ | (شەھەر) |
| دَائِمًا | (دائىم،ھەمىشە) |
| بَلْدَةٌ ج بِلاَدٌ | (شەھەر، شەھەر- بازار) |
| مَكْتَبُ البَرِيدِ | (پوچتىخانا) |
| بَقِى يَبْقَى بَقَاءً | (تۇردى، تۇرۇپ قالدى) |
| لأَنَّ | (چۈنكى...) |
| مُهَذَّبٌ م مُهَذَّبَةٌ | (تەربىيە كۆرگەن، ئەدەپلىك) |
| التَّدْرِيبُ عَلَى الإِسْتِمَاعِ : | (ئاڭلاش مەشقلىرى) |

أَجِبْ عَنِ الأَسْئِلَةِ التَّالِيَةِ مُسْتَعِينًا بِمَا سَمِعْتَ :

ئاڭلىغانلىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ مۇنۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

- أَيْنَ تَدْرُسُ سُعَادُ ؟

- كَيْفَ دِرَاسَةُ سَعادَ ؟
- مِنْ أَيْنَ جَاءَتْ سُعَادُ ؟
- أَيْنَ بَيْتُ سُعَادُ ؟
- كَيْفَ الْعَلاَقَةُ بَيْنَ سُعَادَ والْكَاتِبَةِ ؟
- مَتَى الْتَحقَتْ سُعَادُ بِجَامعَةِ تِشْيْنْغهوَا ؟
- أَيَّةُ جَامِعَةٍ الْتَحقَتْ بِهَا الْكَاتِبَةُ ؟
- لِمَاذَا تَكُونُ الْكَاتِبَةُ سَعِيْدَةً بِصَدِيْقَتِهَا سُعَادَ ؟

القَوَاعِدُ النَّحْوِيَّةُ : (گىراماتىكىلىق قائىدىلەر)

## 13. فِعْلُ الأَمْرِ (بۇيرۇق پېئىل)

إِجْلِسْ (ئولتۇر)

إِجْلِسِي (سىز ئولتۇرۇڭ)

إِجْلِسَا (ئىككىڭلار ئولتۇرۇڭلار)

إِجْلِسُوا (سىلەر ئولتۇرۇڭلار)

إِجْلِسْنَ (سىلەر ئاياللار ئولتۇرۇڭلار)

تَفَضَّلْ بِالْجُلُوسِ! (ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت قىلغىن!)

إِشْرَبِي الشَّايَ ! (چاي ئىچىڭ!)

إِفْتَحُوا كُتُبَكُمْ مِنْ فَضْلِكُمْ ! (قېنى كىتابلىرىڭلارنى ئېچىڭلار)

إِقْرَأْ هَذِهِ الْعِبَارَةَ ! (بۇ جۈملەر شەكلىنى ئوقۇڭ)

يۇقۇرقى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بۇيرۇق پېئىللىق جۈملە بولۇپ، بۇيرۇق پېئىلنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار.

1. بۇيرۇق پېئىللىق جۈملىدە بۇيرۇقنى قوبۇل قىلغۇچىدىن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
2. بۇيرۇق پېئىل 2- شەخسكە بىسبەتەن قوللىنىلىدۇ.
3. بۇيرۇق پېئىل ھازىرقى زامان پېئىلىدىن كېلىپ چېقىدۇ. ئۇنىڭ قائىدىسى مۇنداق:

①ھازىرقى زاماننى ئىپادىلىگۈچى ئالامەت « ن، أ، ت، ي » نى چىقىرىۋاتىمىز. ئەگەر بىرىنچى ھەرپى سۈكۈنلۇق بولسا بۇيرۇق شەكلىگە « اَلْهَمْزَةُ » قوشۇلىدۇ. ئەگەر بىرىنچى ھەرپى ھەركىلىك بولسا « اَلْهَمْزَةُ » قوشۇلمايدۇ. ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارغا بۇيرۇق پېئىلنىڭ ھەمزىسى قوشۇلغاندا ئۇنىڭ قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى دەممىلىك بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇلغان ھەمزە دەممىلىك ئوقۇلىدۇ. ئەگەر بۇ پېئىلنىڭ ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ھەرپى پەتھەلىك بولسا ياكى كەسرىلىك بولسا قوشۇلغان ھەمزە كەسرىلىك بولىدۇ.

②پېئىلنىڭ ئاخىرى سۈكۈنغا ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن :

| اَلْفِعْلُ | أَنْتَ | أَنْتُمَا | أَنْتُمْ | أَنْتِ | أَنْتُمَا | أَنْتُنَّ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| دَخَلَ يَدْخُلُ | أُدْخُلْ | أُدْخُلاَ | أُدْخُلُوا | أُدْخُلِي | أُدْخُلاَ | أُدْخُلْنَ |
| شَرِبَ يَشْرَبُ | اِشْرَبْ | اِشْرَبَا | اِشْرَبُوا | اِشْرَبِي | اِشْرَبَا | اِشْرَبْنَ |
| جَلَسَ يَجْلِسُ | اِجْلِسْ | اِجْلِسَا | اِجْلِسُوا | اِجْلِسِي | اِجْلِسَا | اِجْلِسْنَ |
| قَدَّمَ يُقَدِّمُ | قَدِّمْ | قَدِّمَا | قَدِّمُوا | قَدِّمِي | قَدِّمَا | قَدِّمْنَ |
| اِجْتَهَدَ يَجْتَهِدُ | اِجْتَهِدْ | اِجْتَهِدَا | اِجْتَهِدُوا | اِجْتَهِدِي | اِجْتَهِدَا | اِجْتَهِدْنَ |
| تَفَضَّلَ يَتَفَضَّلُ | تَفَضَّلْ | تَفَضَّلاَ | تَفَضَّلُوا | تَفَضَّلِي | تَفَضَّلاَ | تَفَضَّلْنَ |
| اِسْتَقْبَلَ يَسْتَقْبِلُ | اِسْتَقْبِلْ | اِسْتَقْبِلاَ | اِسْتَقْبِلُوا | اِسْتَقْبِلِي | اِسْتَقْبِلاَ | اِسْتَقْبِلْنَ |

التَّدْرِيبَاتُ النَّحْوِيَّةُ : (گىرامماتىكىلىق مەشىقلەر)

1- هَاتِ أَفْعَالَ الأَمْرِ مِنَ الْجُمَلِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن بۇيرۇق پېئىلىنى كەلتۈرۈڭ.

يَكْتُبُ يَسْمَحُ يَذْهَبُ يُقَدِّمُ يَجْتَهِدُ يَحْتَرِمُ يَسْتَقْبِلُ

2- بَيِّنْ أَفْعَالَ الأَمْرِ مِنَ الأَفْعَالِ الْمُضَارِعَةِ التَّالِيَةِ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن بۇيرۇق پېئىللارنى ئايرىڭ .

- اُدْرُسِي اَلْكُمْبِيُوتَرْ يَا سَمِيْحَةُ !
- أُكْتُبْ رِسَالَةً إِلَى أَهْلِكَ يَا خَالِدُ !
- قَدِّمْ لَنَا أَصْدِقَاءَكَ !
- اِسْتَقْبِلِي الطَّلَبَةَ الْجُدُدَ عِنْدَ بَابَ الْكُلِّيَةِ، يَا لَيْلَى !
- تَفَضَّلُوا، وادْخُلُوا، واجْلِسُوا فِى الصَّالَةِ ، يَا إِخْوَانِيْ !

3- ضَعْ فِعْلَ أَمْرٍ مُنَاسِبًا فِى كُلِّ فَرَاغٍ مِنَ الفَرَاغَاتِ التَّالِيَةِ :

مۇنۇ ھەربىر بەش ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان بۇيرۇق پېئىلنى كەلتۈرۈڭ.

- يَا أَمِيْنَةُ ، ________ ( سَمَحَ ) لِي أَنْ أُقَدِّمَ لَكِ أَسَاتِذَتِي.
- ________ ( تَفَضَّلَ ) ________ ( شَرِبَ ) الشَّاىَ، يَا حَسَنُ ومُخْتَارٌ .
- يَا زُمَلاَئِي، ________ ( اِجْتَهَدَ ) فِى الدِّرَاسَةِ .
- ________ ( كَتَبَ ) هَذِهِ الْعِبَارَاتِ فِى دَفْتَرِكَ حَالاً .
- ________ ( ذَهَبَ ) يَا لَيْلَى إِلَى غُرْفَتِكِ فَأُمُّكِ تَنْتَظِرُكِ .

4- حَوِّلِ الأَفْعَالَ الْمُضَارِعَةَ فِي الْجُمَلِ التَّالِيَةِ إِلَى أَفْعَالِ الأَمْرِ :

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ھازىرقى زامان پېئىلىنى بۇيرۇق پېئىلىغا ئايلاندۇرۇڭ.

- تَشْرَبُ الْقَهْوَةَ .
- تَعْمَلُونَ بِجِدٍّ واجْتِهَادٍ.
- تَدْرُسْنَ فِي حُجْرَةِ الدَّرْسِ .
- تَحْتَرِمَانِ الْكِبَارَ.
- تَذْهَبِيْنَ إِلَى الْمُسْتَشْفَى حَالاً!

اَلدَّرْسُ السَّادِسَ عَشَرَ **ئون ئالتىنچى دەرس**

أُسْرَةُ كَمَالٍ كامىلنىڭ ئائىلىسى

اَلتَّرْكِيْبَاتُ الْجُمْلِيَّةُ :

- كَانَ يَفْعَلُ
- لَمْ يَفْعَلْ ( بَعْدُ )
- يَسُرُّ فُلاَنًا الأَمْرُ
- أَمَّا ... فَ ...

اَلْحِوَارُ :

- كَيْفَ أَهْلُكَ
- يَسُرُّنِي أَنْ أَزُورَكَ

اَلنَّصُّ :

قَوَانِيْنُ النُّطْقِ والْقِرَاءَةِ 11. اَلْوَقْفُ

اَلْقَوَاعِدُ النَّحْوِيَّةُ 14. أَحْرُفُ النَّفْيِ : مَا، لاَ، لَمْ

**اَلْحِوَارُ :** دىئالوگ

**1- كَيْفَ أَهْلُكَ**

- مِنْ زَمَانٍ مَا شُفْتُكَ . ( 1 ) كَيْفَ الْحَالُ ؟
- بخَيْرٍ، شُكْرًا .
- أَيْنَ كُنْتَ فِى هَذِهِ الأَيَّامِ ؟ ( 2 )
- سَافَرْتُ إِلَى بَلَدَتِي .
- كَيْفَ أَهْلُكَ ؟
- كُلُّهُمْ مُوجُودُونَ فِى الصُّورَةِ ؟
- فِى أُسْرَتِي سِتَّةُ أَفْرَادٍ .
- هَلْ كُلُّهُمْ مَوْجُودُونَ فِى الصُّورَةِ ؟
- نَعَمْ ، اُنْظُرْ، هَذَا جَدِّي، وَهُوَ مُوَظَّفٌ مُتَقَاعِدٌ . وَهَذَا جَدَّتِى، كَانَتْ تَشْتَغِلُ فِى الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ، والآنَ رَبَّةُ الْبَيْتِ . وَهَذَا أَبِي، وَهُوَ مُدِيْرُ شَرِكَةِ الطَّيْرَانِ. وَهَذِهِ اُمِّي، وَهِيَ طَبِيْبَةٌ . وَهَذِهِ أُخْتِي الْكَبِيْرَةُ، وَهِيَ مُحَاسِبَةٌ .
- أُسْرَتُكَ أُسْرَةٌ سَعِيْدٌ كَبِيْرَةٌ. لَوْ سَمَحْتَ، هَلْ أُخْتُكَ مُتَزَوِّجَةٌ ؟

- نَعَمْ، تَزَوَّجَتْ قَبْلَ سَنَتَيْنِ . زَوْجُهَا مُهَنْدِسُ الْكُومْبِيُوتَرْ .
- أَيْنَ يَشْتَغِلُ ؟
- يَشْتَغِلُ فِي شَرِكَةِ الطَّيَرَانِ .
- لَوْ سَمَحْتَ، هَلْ أَنْتَ مُتَزَوِّجٌ ؟
- لاَ، لَمْ أَتَزَوَّجْ بَعْدَ، ( 4 ) وَلَكِنْ لِي خَطِيْبَةٌ، هِيَ تَدْرُسُ الآنَ فِى الْجَامِعَةِ .

## 2- يَسُرُّنِي أَنْ أَزُورُكِ

زَيْنَبُ – أَهْلاً بِكِ، يَا سُعَادُ. تَفَضَّلِي، أُدْخُلِي.

سُعَادُ – يَسُرُّنِي أَنْ أَزُورُكِ وَأَهْلَكِ . ( 5 )

ز – أَهْلاً وَسَهْلاً، شَرَّفْتُمُونَا .

س– اللهُ يُشَرِّفُكُمْ .

ز – يَسُرُّنِي أَنْ أُقَدِّمَ لَكِ أَفْرَادَ أُسْرَتِي. هَذِا جَدِّي وَهَذِهِ جَدَّتِي وَهَذَا عَمِّي وَهُوَ يَسْكُنُ مَعَنَا. (6)

اَلْجَدَّةُ وَالْعَمُّ – أَهْلاً وَسْهلاً ! نَوَّرْتِ الْبَيْتَ .

س – اَللهُ يُنَوِّرُكُمْ .

ز – أَبِي وَأُمِّي وَأَخِي الْكَبِيْرُ الآنَ لَيْسُوا مَوْجُودِيْنَ فِي الْبَيْتِ . تَعَالِيْ مَعِي إِلَى غُرْفَتِي .

س – عَنْ إِذْنِكُمْ .

اَلْجَدَّةُ وَالْعَمُّ – تَفَضَّلاَ .

س – مَاذَا يَعْمَلُ أَهْلُكِ ؟

ز – كَانَ جَدِّي يَشْتَغِلُ فِى الْجَامِعَةِ وَالآنَ مُتَقَاعِدٌ فِى الْبَيْتِ إِنَّهُ أُسْتَاذٌ كَبِيْرٌ .

س – هَلْ تَعْمَلُ جَدَّتُكِ ؟

ز – لاَ، لاَتَعْمَلْ الآنَ . لأَنَّهَا كَبِيْرَةٌ فِى السِّنِّ، ( 7 ) كَانَتْ تُدَرِّسُ اللُّغَةَ الصِّيْنِيَّةَ فِى الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ . يَشْتَغِلُ أَبِي فِى الشَّرِيكَةِ ، وَهُوَ مُهَنْدِسٌ. تَشْتَغِلُ أُمِّي فِي فِي مَكْتَبِ الْبَرِيْدِ وَهِيَ مُوَظَّفَةٌ. أَمَّا أَخِي الْكَبِيْرُ فَهُوَ صَحَفِيٌّ. ( 8 ) إِنَّ أُسْرَتِي أُسْرَةٌ سَعِيْدَةٌ، يُسَاعِدُ بَعْضُنَا بَعْضًا، وَيَحْتَرِمُ الصِّغَارُ الْكِبَارَ وَيُحِبُّ الْكِبَارُ الصِّغَارَ .

**اَلنَّصُّ :** تيكست

### أُسْرَةِ كَمَالٍ

تَعِيْشُ أُسْرَةُ كَمَالٍ فِي مَدِيْنَةِ الْمُهَنْدِسِيْنَ. فِى أُسْرَتِهِ خَمْسَةُ أَفْرَادٍ : جَدَّتُهُ وَأَبُوهُ وَأُمُّهُ وَأُخْتُهُ الْكَبِيْرُ وَهُوَ .

جَدَّتُهُ كَبِيْرَةٌ فِى السِّنِّ، وَهِيَ مُوَظَّفَةٌ مُتَاعِدَةٌ، كَانَتْ تَشْتَغِلُ فِى مَكْتَبِ الْبَرِيْدِ بِالْمَدِيْنَةِ . أَبُوهُ طَبِيْبٌ، ( 9 ) عُمْرُهُ ثَمَانٍ وَأَرْبَعُونَ سَنَةً، يَشْتَغِلُ فِي مُسْتَشْفَى الصَّدَاقَةِ. أُمُّهُ مُدَرِّسَةٌ، عُمْرُهَا سِتٌّ

وَأَرْبَعُونَ سَنَةً ، تُدرِّسُ فِى إِحْدَى الْمَدَارِسِ الثَّانَوِيَّةِ بِالْمَدِيْنَةِ . ( 10 ) إِنَّهَا نَشِيْطَةٌ مُجِدَّةٌ مُتَحَمِّسَةٌ فِي الْعَمَلِ. يُحِبُّهَا الطَّلَبَةُ وَيَحْتَرِمُونَهَا .

وَأُخْتُهُ مُتَرْجِمَةٌ، تَجِيْدُ اللُّغَةَ الإنْجلِزِيَّةَ واللُّغَةَ الْفَرَنْسِيَّةَ، وَتَشْتَغِلُ فِى مَصْلَحَةِ السِّيَاحَةِ بِالْمَدِيْنَةِ . إِنَّهَا مُتَزَوِّجَةٌ . يَشْتَغِلُ زَوْجُهَا فِى فُنْدُوق الصَّدَاقَةِ .

اَمَّا هُوَ، فَيَدْرُسُ فِى كُلِّيَةِ الْكُومْبيُوتَرْ بِالْجَامِعَةِ. إِنَّهُ طَالِبٌ نَشِيْطٌ مُتَفَوِّقٌ .

أُسْرَتُهُ أُسْرَةٌ سَعِيْدَةٌ ، فَيُحِبُّهَا كَمَالٌ حُبًّا جَمًّا . ( 11 )

إِنَّهُ سَعِيْدٌ بِأُسْرَتِهِ ، وَيَعِيْشُ فِيْهَا عِيْشَةً سَعِيْدَةً.

| الكَلِمَاتُ الجَدِيدَةُ | (يېڭى سۆزلەر) |
|---|---|
| السَّادِسَ عَشَرَ م السَّادِسَةَ عَشَرَةَ | ئون ئالتىنچى |
| زَمَانٌ جـــ أَزْمِنَةٌ | ۋاقىت، زامان |
| شَافَ يَشُوفُ شَوْفًا الشَّيْءَ | قارىدى، كۆردى |
| كَانَ يَكُونُ كَوْنًا | ...ئىدى، بولدى |
| سَافَرَ يُسَافِرُ مُسَافَرَةً الشَّخْصُ إِلَى | سەپەر قىلدى، يولغا چىقتى |
| نَظَرَ يَنْظُرُ نَظْرًا إِلَى | قارىدى |
| أَخَذَ يَأْخُذُ أَخذًا الشَّيْءَ ( أَخَذَ الصُّورَةَ ) | ئالدى، تۇتتى (سۈرەتكە چۈشتى ) |
| جَدٌّ جـــ أَجْدَادٌ م جدَّةٌ جـــ جَدَّاتٌ | چوڭ دادا، چوڭ ئانا |
| مُتَقَائِدٌ م مُتَقَائِدَةٌ | دەم ئېلىشقا چىققان |
| اِشْتَغَلَ يْشْتَغِلُ اشْتِغَالاً فِى ( ب ) | ئىشلىدى، ...بىلەن مەشغۇل بولدى |
| ثَانَوِىٌّ م ثَانَوِيَّةُ | ئىككىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجە |
| اَلْمَدْرَسَةُ الثَّانَوِيَّةُ | ئوتتۇرا مەكتەپ |
| رَبَّةُ الْبَيْتِ | ئائىلە ئايالى |
| مُدِيْرٌ جـــ مُدِيْرُونَ وَمُدَرَاءُ | مۇدىر، باشلىق، دىرېكتور، باشقۇرغۇچى |
| شَرِكَةٌ جـــ شَرِكَاتٌ | شىركەت |
| الطَّيَرَانُ | ئاۋىئاتسىيە، هاۋاترانسپورتى |
| مُحَاسِبٌ م مُحَاسِبَةٌ | بوغالتىر |
| مُتَزَوِّجٌ جـــ مُتَزَوِّجُونَ | توي قىلغان، ئۆيلەنگەن |
| تَزَوَّجَ يَتَزَوَّجُ تَزَوُّجًا مِنْ | توي قىلدى |
| لَمْ يَفْعَلْ بَعْدُ | تېخى...مىدى |
| خَطِيْبٌ م خَطِيْبَةٌ | لايىقى، يىگىتى |
| سَرَّ يَسُرُّ سُرُورًا فُلاَنًا أَنْ | خوشال قىلدى |

| | |
|---|---|
| عَمٌّ جـ أَعْمَامٌ م عَمَّةٌ جـ عَمَّاتٌ | تاغا، هاما |
| تَعَالَ ( تَعَالَىْ، تَعَالَوْا ) | بۇ يەرگە كەل |
| عَنْ | ...دىن، تىن ھەققىدە، ئورنىدا (ئالدى قوشۇلغۇچى) |
| عَنْ إِذْنِكُمْ | كەچۈرۈڭ، رۇخسەت بەرسىڭىز |
| سِنٌّ جـ أَسْنَانٌ | ياش، چىش |
| مَكْتَبُ الْبَرِيْدِ | پوچتىخانا |
| مَصْلَحَةُ السِّيَاحَةِ | ساياھەت ئىدارىسى |
| مَدِيْنَةٌ جـ مُدُنٌ | شەھەر |
| مُتَرْجِمٌ جـ مُتَرْجِمُونَ | تەرجىمان |
| أَمَّا... ف... | ئەمما...گە كەلسە (بولسا ) |
| صَحَفِيٌّ جـ صَحَفِيُّونَ | مۇخبىر |
| كَبِيْرٌ جـ كِبَارٌ | چوڭ، كاتتا |
| صَغِيْرٌ صِغَارٌ | كىچىك |
| ثَمَانٍ وأَرْبَعُونَ | قىرىق سەككىز |
| اَلصَّدَاقَةُ | دوستلۇق |
| سِتٌّ وأَرْبَعُونَ | قىرىق ئالتە |
| مُتَحَمِّسٌ | قىزغىن |
| أَجَادَ يُجِيْدُ إِجَادَةً الشَّيْءَ | ياخشى قىلدى، ياخشى ئىگىلىدى |
| اِنْجِلِيْزِيٌّ م اِنْجِلِيْزِيَّةٌ | ئەنگىلىنىڭ، ئەنگىلىيىلىك، ئىنگىلىزچە |
| فَرَنْسِيٌّ م فَرَنْسِيَّةٌ | فىزانسىپوزچە، فىرانسىيەلىك |
| فُنْدُوقٌ فَنَادِقُ | مېھمانخانا، رېستۇران |
| تَعَلَّمَ يَتَعَلَّمُ تَعَلُّمًا الشَّيْءَ | ئۆگەندى |
| جَمٌّ جَمَّةٌ | كۆپ |
| عَاشَ يَعِيْشُ عِيْشَةً | تۇرمۇش كەچۈردى، ياشىدى |

**اَلْعِبَارَاتُ الْمُفِيْدَةُ :**

**كَانَ يَفْعَلُ :**

- كَانَتْ جَدَّتُهُ تَشْتَغِلُ فِي الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ .
- كَانَ حَافِظٌ يَحِبُّ الْكُمْبِيُوتَرْ كَثِيْرًا.

- كُنَّا نَدْرُسُ فِي هَذِهِ الْجَامِعَةِ مَعًا .
- اَلأَصْدِقَاءُ الْعَرَبُ كَانُوا يَعِيْشُونَ فِي بَكِيْنَ عِيْشَةً سَعِيْدَةً .

**لَمْ يَفْعَلْ :**

- لَمْ أَتزَوَّجْ بَعْدُ .
- لَمْ أَقْرَأْ هَذَا الدَّرْسَ بَعْدُ .
- لَمْ يَأْكُلْ فَاضِلٌ الطَّعَامَ حَتَّى الآنَ .
- لَمْ تَذْهَبْ لَيْلَى إِلَى الْمَدْرَسَةِ الْيَوْمَ .

**يَسُرُّ فُلاَنًا أَنْ :**

- يَسُرُّنِي أَنْ أَزُرَكِ .
- يَسُرُّنَا أَنْ يَجْتَهِدَ طُلاَّبُنَا فِي الدِّرَاسَةِ .
- يَسُرُّهَا أَنِ الْتَحَقَ أَخُوهَا بِهَذِهِ الْجَامِعَةِ الْمَشْهُورَةِ.
- يَسُرُّ أَفْرَادَ الأُسْرَةِ أَنْ يَعُودَ حَسَنٌ إِلَى الْبَيْتِ فِي الْعُطْلَةِ .

**أَمَّا ... ف ... :**

- أُمِّي تَشْتَغِلُ فِي مَكْتَبِ الْبَرِيْدِ، أَمَّا أَبِي فَهُوَ مُهَنْدِسٌ فِي شَرِكَةِ الطَّيَرَانِ .
- بَكِيْنُ مَدِيْنَةٌ كَبِيْرَةٌ مُزْدَحِمَةٌ ، أَمَّا بَلَدَتِي فَهِيَ مَدِيْنَةٌ صَغِيْرَةٌ جَمِيْلَةٌ .
- أُخْتٌ كَرِيْمَةٌ قَدْ تَزَوَّجَتْ، أَمَّا هِيَ فَلَمْ تَتَزَوَّجْ بَعْدُ ، وَلَكِنَّهَا مَخْطُوبَةٌ .
- يَعِيْشُ جَدُّهُ مَعَ أُسْرَتِهِ، أَمَّا جَدَّتُهُ فَتَعِيْشُ مَعَ أُسْرَةِ عَمِّهِ .

المُلاَحَظَاتُ : ( ئىزاھاتلار )

1. مِنْ زَمَانٍ مَا شُفْتُكَ .

ئۇزۇندىن بېرى سىنى كۆرمىدىم.

